السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# بىرەر بەندە مېنى يۇنۇس ئىبنى مەتتادىن ياخشى دېسە بولمايدۇ

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بىرەر بەندە مېنى يۇنۇس ئىبنى مەتتادىن ياخشى دېسە بولمايدۇ» دەپ، ئۇنى ئاتىسىنىڭ ئىسمى بىلەن تىلغا ئالغانلىقىنى رىۋايەت قىلدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بىرەرسىنىڭ رەسۇلۇللاھنى يۇنۇس ئىبنى مەتتادىن ئەۋزەل دېيىشى توغرا بولمايدۇ، مەتتا بەزى كىشىلەر گۇمان قىلغاندەك يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئاتىسى يۇنس ئىبنى مەتتا ئىنسانلارنى زۇلمەتلەردىن چىقىرىش ئۈچۈن ھىدايەت ۋە نۇر ئېلىپ كەلگەن ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن ئىسىل بىر پەيغەمبەردۇر. رەسۇلۇللاھ بۇ سۆزنى كەمتەرلىك يۈزىسىدىن دېگەن، چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ ئادەم بالىلىرىنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكى ئىكەنلىكى مەلۇم ياكى بۇ سۆزنى ئۆزىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكى ئىكەنلىكىنى بىلىشتىن ئىلگىرى دېگەن. ئاللاھنىڭ ئەلچىسى يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەقەلىكىنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئۇنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكى كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ پەزىلىتىنى ئاشۇرۇپ، ئالاھىدە تىلغا ئالغان. سۇدى يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەقەلىكىنى ئىبنى مەسئۇد ۋە باشقىلاردىن مۇنداق رىۋايەت قىلدى: ئاللاھ يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى نەيناۋا - ئىراقنىڭ موسىل شەھرىگە توغرا كېلىدۇ - ئاھالىسىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى، ئۇلار ئۇنى يالغانغا چىقاردى، يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى مۇئەييەن ۋاقىتتا ئازاب چۈشىدىغانلىق بىلەن ئاگاھلاندۇردى ۋە ئۇلارنىڭ يۇرتىدىن غەزەپلىنىپ چىقىپ كەتتى، ئۇلار ئازابنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرگەندە ئاللاھقا يىلىنىپ يالۋۇرۇپ، ئىمان ئېيتىشتى، ئاللاھ ئۇلارغا رەھىم قىلىپ، ئۇلاردىن ئازابنى كۆتۈرىۋەتتى. يۇنۇس ئەلەيھىسسالام كېتىپ، بىر كېمىگە چۈشتى، كېمە چۆكۈپ كەتكىلى تۇرغاندا ئۇلار دېڭىزغا تاشلايدىغان كىشى ئۈچۈن چەك تاشلاشتى، چەك ئۈچ قېتىم يۇنۇس ئەلەيھىسسالامغا چىققاندىن كېيىن، ئۇلار يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى دېڭىزغا تاشلىدى، بىر كىت يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى يۇتىۋەتتى، ئۇ: «پەرۋەردىگارىم! سەندىن باشقا ئىلاھ يوق، سەن پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم، دەپ نىدا قىلدى»، ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئايىنى ئىجابەت قىلىپ، كىتكە ئۇنى دېڭىز ساھىلىغا تاشلاشقا بۇيرىدى ۋە ئۇنىڭغا سايە تاشلاپ تۇرۇشى ئۈچۈن بىر كاۋا دەرىخىنى ئۆستۈرۈپ بەردى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/10997

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee